# نەتجىلىك ئۇيغۇرلار (15)

ئەركىن سىدىق

2015 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى

بىزنىڭ قىممەت قارىشىمىز، يەنى بىزنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمىزگە سەۋەب بولىدىغان بىزنىڭ مەركىزىي ئىدىيىلىرىمىز، بىزنىڭ كىشىلىك خاراكتېرىمىزنى، ئەخلاقىمىزنى ۋە بىز قىلالايدىغان ئىشلارنىڭ چېكىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭلاشقا بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىز ئۈچۈن قىلىپ بېرەلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ئىشىمىز ئۇلارنى ئۆزلىرىدە ئىجابىي قىممەت قاراشلىرىنى تىكلىشىگە رىغبەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئاشۇنداق قىممەت قاراشلىرى پەرزەنتلىرىمىزنىڭ كەلگۈسىدە ئەقىللىق بولۇشىغا، بەختلىك بولۇشىغا، ۋە ياخشى ئادەم بولۇشىغا ياردەم قىلىدۇ. بۇ بىر ئاددىي ئىش ئەمەس. بىز ئالىدىغان بىرىنچى قەدەم ئۆزىمىزنىڭ نېمىگە ئىشىنىدىغانلىقى بىلەن پەرزەنتلىرىمىزدىن نېمىگە ئىشىنىشنى ئىستەيدىغانلىقىمىزنى ئىمكانقەدەر ياخشىراق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشتىن ئىبارەت. كۆپۈنچە ۋاقىتلاردا بىزنىڭ باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىدىغان قىممەت قاراشلىرىمىز (ئېغىزىمىزدىكى قىممەت قاراشلىرىمىز) بىلەن بىزنىڭ تاللاشلىرىمىز ئارقىلىق نامايان بولغان بىزدىكى ھەقىقىي قىممەت قاراشلىرى (بىزنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىمىزدىكى قىممەت قاراشلىرى) ئوتتۇرىسىدا پەرقلەر مەۋجۇت بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بىز يەنە ئۆزىمىزدىكى قىممەت قاراشلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى مۇرەككەپلىكنىمۇ ئېتىراپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىزنىڭ ئۆمۈرلۈك نىشانلىرىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى بەلگىلەيدۇ. يەنە بىر كاتېگورىيەدىكى قىممەت قاراشلىرى بىزنىڭ نېمىنىڭ ئۇنۇم بېرىدىغانلىقى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمىزدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. بۇ خىلدىكى قىممەت قاراشلىرى بىزنىڭ ئۆزىمىز ئىستىگەن نەرسىلەرنى قانداق قىلىپ قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىمىزنى بەلگىلەيدۇ. ئۈچىنچى خىلدىكى قىممەت قاراشلىرى بىزنىڭ نېمىنىڭ توغرا ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئەخلاقىي كۆز ـ قارىشىمىزدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. ئېسىل كىشىلىك خاراكتېرگە ئىگە كىشىلەر ئۈچۈن مۇشۇ 3 ـ خىلدىكى قىممەت قاراشلىرى قالغان 2 خىل قىممەت قاراشلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئەگەر خالىسىڭىز، سىز ئۆز پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ قەلبىگە ئورنىتىشنى ئىستەيدىغان قىممەت قاراشلىرىنى يېزىپ چىقىڭ. سىز يېزىپ چىقىدىغان قىممەت قاراشلىرى تۆۋەندىكى كاتېگورىيەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالسۇن:

ـ ـ كىشىلىك خاراكتېر ۋە ئەخلاق

- ـ ئېتىقاد ۋە دىن

- ـ تويى ۋە ئائىلە مۇناسىۋەتلىرى

- ـ دوستلۇق

- ـ ئوقۇش

- ـ ئۆز ـ ئۆزىگە تايىنىش

- ـ پۇرۇتسىيە

- ـ ساخاۋەت ئىشلىرى ۋە خالىسانە ئىشلار

- ـ مۇۋەپپەقىيەت

- ـ پۇل ۋە ماددىي مۈلۈك

- ـ هاراق ۋە زەهەرلىك چېكىملىك

- ـ تويى قىلىشتىن بۇرۇنقى قىز ـ ئوغۇل مۇناسىۋەتلىرى

بىز قىلغان هەر بىر سۆز ۋە بىز قىلغان هەر بىر ئىش پەرزەنتلىرىمىزدە مەلۇم قىممەت قاراشلىرىنى يېتىلدۈرىدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە بىز پەرزەنتلىرىمىزگە نېمىلەرنى ئۆگىتىۋاتقانلىقىمىزنى ئۆزىمىز داۋاملىق بىلىپ تۇرالايمىز. شۇڭلاشقا بەلگىلىك ۋاقىت ئاجرىتىپ، بىر پارچە يازما «ئائىلە قىممەت قاراشلىرى» نى يېزىپ چىقىش ئارقىلىق بىز پەرزەنتلىرىمىزنى بىر مەڭگۈ ئۆتىدۇلۇپ قالمايدىغان قىممەت قاراشلىرى مەنبەسىگە ئىگە قىلالايمىز.

مەن يېقىندا ئۆزۈمنىڭ «يالغانچىلىقتا ئائىت 12 هەقىقەت» دېگەن يازمىسىدا ئامېرىكىدىكى «مايكۇل جوسېفسون» (مىچائەل جوسەپهسون) ئىسىملىك بىر تونۇلغان ئەخلاق مۇتەخەسسىسنى قىسقىچە تونۇشتۇرغان ئىدىم. ئاشۇ مايكۇل ئۆزىنىڭ تور بېتىدە 2015 ـ يىلى 20 ـ ئاپرەل كۈنى «ئائىلە قىممەت قاراشلىرى» دېگەن تېمىدا بىر پارچە قىسقا يازما ئېلان قىلغان بولۇپ، يۇقىرىدىكىسى ئاشۇ يازمىنىڭ مەزمۇنىدىن ئىبارەت [1].

مەن بۇ قېتىم يەنە 2 نەپەر ھەدە ـ ئىنى قېرىندىشىمىزنى تونۇشتۇرىدىغان بولۇپ، ئۇلار مەن تونۇشتۇرغان 41 ـ ۋە 42 ـ قېرىندىشىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككى ئۇكىلىرىمىزمۇ مەن بۇرۇن تونۇشتۇرغان قېرىنداشلارغا ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ ھازىرغىچە بولغان ھاياتىدا قاتتىق تىرىشىپ، دوكتۇرلۇق ئۇنۋانلىرىغا ئېرىشكەن، ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ كەسپىي ساھەلىرىدە ئالاھىدە نەتىجىلەرنى ياراتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى ئوقۇغاندا بىز ئۇلاردىن پەخىرلەنمەي تۇرالمايمىز. بۇ ئىككەيلەننىڭ ھازىرقىدەك بىر ياشاش يولىنى تاللاپ، ھازىرقىدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىشىدە ئۆزلىرى كىچىك ۋاقتىدا ئاتا ـ ئانىسىدىن ئالغان قىممەت قاراشلىرى ھەققىدىكى ئائىلە تەربىيىسى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان بولۇپ، مەن ئوقۇرمەنلەردىن تۆۋەندىكى مەزمۇننى ئوقۇغاندا ئۇنى يۇقىرىدىكى «ئائىلە قىممەت قاراشلىرى» دېگەن مەزمۇن بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئويلاپ بېقىشنى سورايمەن.

ئەمدى مەن رەسمىي مەزمۇننى باشلايمەن.

## 1. ئاياللار ئۆسمە كېسەللىكلىرى دوكتورى ـ نۇرسىمانگۈل يۈسۈپ (ياپونىيە)




1 ـ رەسىم. سىڭلىمىز نۇرسىمانگۈل يۈسۈپ

نۇرسىمانگۈل يۈسۈپ 1981 ـ يىل غەربىي جەنۇبى تارىم نېفتلىكىدە بىر زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ بىرلا ئىنىسى بولۇپ، باشلانغۇچ ، تولۇقسىز ۋە

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىنى غەربىي جەنۇبىي تارىم نېفىتلىكىدە بىرگە ئۆتكۈزگەن بۇ ئىككى قېرىنداش بىر-بىرىگە بەكمۇ ئېجىل-ئىناق ئىدى.

ئۇنىڭ ھاياتىغا دادىسى يۇسۇپجان ئاكا بەكمۇ چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، يۇسۇپجان ئاكا ئىنتايىن تەلەپچان، ئەستايىدىل ئادەم بولسىمۇ، ھېچقاچان بالىلىرىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلىمايتتى. ئىلمىي تەربىيىنى ئاساس قىلاتتى. ئۇ دائىم «سىلەر ياشايدىغان دەۋر تولىمۇ رىقابەتكە تولغان بولىدۇ. قاتتىق تىرىشىپ ئوقۇپ بىرەر ئىقتىدارنى يېتىلدۈرمىسەڭلار، جەمئىيەتتە پۇت دەسسەپ تۇرالمايسىلەر. ياخشى ئوقۇڭلار بالىلىرىم» دەپ نەسىھەت قىلاتتى. گۆدەك نۇرسىمانگۈل گەرچە بۇ گەپلەرنى چۈشىنىش يېشىدا بولمىسىمۇ، سەبىي كاللىسىدا ياخشى ئوقۇمىسام بولمايدىكەن، دېگەن ئاڭ بالىلىق چاغلىرىدىلا شەكىللەنگەن ئىدى، ۋە ھەر ۋاقىت ئالدىنقى قاتاردا ياخشى نەتىجە ئېلىپ ئوقۇشقا تىرىشاتتى. ئۇنىڭغا يەنە بىر ئىش زور تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. دادىسى يۇسۇپجان ئاكا 1970-يىللاردا چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوقۇيالمىغان ئىدى. يۇسۇپجان ئاكىنىڭ «سىلەرنىڭ تىرىشىپ ئوقۇپ، چوڭ بولغاندا چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇشۇڭلارنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن» دېگەن سۆزى دادىسىنى ھاياتىنىڭ قەھرىمانى دەپ بىلىدىغان نۇرسىمانگۈلنىڭ سەبىي قەلبىدە دادىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بىر ئىستەكنىڭ بىخ سۈرۈشىگە تۈرتكە بولغان ئىدى. نەتىجىدە ئۇ ئۆن-تىنىسىز تىرىشىشقا باشلىدى. بۇ غايە ھەر زامان ئۇنىڭغا ئىلھام بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆز يېشىغا ماس بولمىغان بىر خىل تىرىشچانلىق ۋە رىقابەت ئېڭىنى شەكىللەندۈردى. باشلانغۇچتىن باشلاپلا سىنىپ بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا ئوقۇش ئۈچۈن، ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيدىكىلەرگە تەسىر كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن ئىشىك ئالدىدىكى يول چىرىغىنىڭ ئاستىدا تېكىستلەرنى يادلايدىغان، دەرسلەرنى ئالدىن ئۆگىنىپ ماڭىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈردى. مەكتەپ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ھەر خىل زېھىن سىناش مۇسابىقىلىرى ۋە نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىلىرىدە داۋاملىق بىرىنچىلىكنى قولدىن بەرمىدى.

غەربىي جەنۇبىي تارىم نېفىتلىكى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ پوسكام ناھىيىسىگە جايلاشقان بولۇپ، 90-يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە دوختۇرخانىدىن بىرسىلا بولۇپ، ئېغىرراق كېسەللىكلەرنى داۋالاش شارائىتى يوق، دوختۇرلارمۇ كەمچىل ئىدى. تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئىككىنچى يىللىقىغا چىققاندا، نۇرسىمانگۈلنىڭ دادىسى ئاغرىپ قېلىپ ئۈرۈمچىدە ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇشقا توغرا كەلدى. يۇسۇپجان ئاكا ئەر-ئايال ئىلاجسىز يۈرەك پارىلىرىنى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا قالدۇرۇپ، ئۈرۈمچىگە داۋالىنىشقا ماڭدى.

ھېچقاچان ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ باقمىغان بۇ قىز دادىسىدىن بەكمۇ ئەندىشە قىلدى، ۋە ئەگەر يۇرتىدا ئۇستا بىر دوختۇر بولغان بولسا بەلكىم ھېچكىمنىڭ يىراق يەرگە بېرىپ كېسەل داۋالىتىشىغا ھاجىتى چۈشمەس ئىدى، دەپ ئويلىدى، ھەمدە چوڭ بولغاندا دوختۇر بولۇپ، يۇرتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئارزۇسىنى قەلبىگە پۈكتى، ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىرىشىپ ئوقۇدى.

تىرىشچانلىق ئاخىر مېۋە بەردى. 1999-يىلى يۇقىرى نومۇر بىلەن شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كلىنىكىلىق داۋالاش كەسپىگە قوبۇل قىلىندى. ئاچىسىنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتكىنىدىن ئىنىسى ئەنۋەرجانمۇ بەك خۇش بولدى، بىراق كىچىكىدىن تارتىپ ئاچىسىدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلىپ باقمىغان ئەنۋەرجان ئۈچۈن ئاچىسىدىن ۋاقىتلىق ئايرىلىش ئېغىر كەلدى، ۋە «خەپ، مەنمۇ تىرىشىپ ئوقۇپ، ئاچام ئۆتكەن ئالىي مەكتەپكە ئۆتمەي قويمايمەن» دەپ ئۆز ئۆزىگە ۋەدە بەردى. شۇندىن باشلاپ ئۇمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى.

نۇرسىمانگۈل ئالىي مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، ئەتىگەنلىرى سەھەر تۇرۇپ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنى ئادەتكە ئايلاندۇردى. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگۈچە ئىنگلىزچە رومانلارنى ئوقۇپ تەرجىمە قىلالايدىغان سەۋىيىگە يەتتى. ئالىي مەكتەپنىڭ تۆتىنچى يىللىقىدىن باشلاپ، ئىنگلىز تىلىدا ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىپ، تۇرمۇش راسخوتىنى ئۆزى غەملىيەلىگۈدەك شارائىتنى ھازىرلىدى ۋە ئۇدا ئۈچ يىل ئوقۇش مۇكاپاتى ئېلىپ، سىنىپ بويىچە ئالدىنقى قاتاردا ئوقۇدى. شۇ كۈنلەردە يۈسۈپجان ئاكا ئائىلىسىگە يەنە بىر خۇشاللىق نېسىپ بولدى. ئەنۋەرجانىنىڭمۇ تىرىشچانلىقى مېۋە بېرىپ، ئۇمۇ ئاچىسى ئوقۇۋاتقان شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كلىنىكىلىق داۋالاش كەسپىگە يۇقىرى نومۇر بىلەن قوبۇل قىلىندى. بۇ ئامراق ئاچا-ئىنى ئىككىيلەن ئالىي بىلىم يۇرتىدا يەنە قايتا جەم بولدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ كىتابخانىدا ماتېرىيال ئىزدەۋېتىپ تۇيۇقسىز «بىزنىڭ دوكتورلىرىمىز» دېگەن كىتابنى كۆرۈپ قالدى، ھەمدە دەرھال سېتىۋېلىپ ياتاققا قايتىپ قايتا-قايتا تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتى. كىتابتا تونۇشتۇرۇلغان ھەر بىر شەخسنىڭ ئىزگۈ كەچمىشلىرى ئۇنىڭغا بەكمۇ قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ ئۆزى ئۇستىدە كەسكىن ئويلاندى. ۋاقىت چەكلىك، ھايات قىممەتلىك. قارىغاندا مەن بۇ ئاكا ھەدىلىرىم بېسىپ ئۆتكەن يوللارنىڭ يېرىمىنىمۇ ماڭماپتىمەن، نېمىدېگەن قەيسەر ئادەملەر. مەنمۇ چوقۇم شۇلارغا ئوخشاش تىرىشىپ ئوقۇپ خەلقىمگە شان-شەرەپ كەلتۈرۈشۈم كېرەك. شۇندىلا پۇشايمانسىز ئەھمىيەتلىك ياشىغان بولىدىكەنمەن. ئۇ

كۆپ ئۇيلىنىش ئارقىلىق ئاخىر تېببىي تېخنىكا سەۋىيىسى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى ياپونىيەگە بېرىپ ئوقۇش ئىرادىسىگە كەلدى.

**2005** ـ يىلى**6** ـ ئايدا ئالىي مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىدى، ھەمدە شۇ يىلى ئىيۇلدا جىلىن ئۆلكىسىنىڭ چاڭچۇن شەھىرىدىكى شەرقىي ـ شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ياپون تىلى ئۆگىنىشكە ماڭدى. ئۇ كىرگەن سىنىپتا ياپون تىلى ئاساسى كۈچلۈك باللار كۆپ بولۇپ، ياپون تىلى ساۋادىمۇ يوق، ھەرپلەرنىمۇ تونۇمايدىغان ھالەتتىكى بۇ قىز قىسقا ۋاقىت ئىچىدە زور تىرىشچانلىقى بىلەن سىنىپتىكى ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ قالدى، ۋە بىر يىلغا قالماي ياپونلۇق مۇئەللىملەر بىلەن بىمالال پاراڭلىشالايدىغان سەۋىيىگە يەتتى. بۇ جەرياندا ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنىمۇ تاشلاپ قويمىدى، ۋە شۇ يىلى ئىنگلىز تىلى **4** ـ دەرىجىدىن ۋە ياپون تىلى **2** ـ دەرىجىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ **2006** ـ يىلى **7** ـ ئايدا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، شۇ يىلى **9** ـ ئايدا توكيو دېڭىز ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھاياتلىق ئىلمى فاكۇلتېتىنىڭ مولېكۇلا بىئو ـ خىمىيىسى **(Molecular Biochemistry)** كەسپىگە تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچىلىققا قوبۇل قىلىندى. ئۇ ياپونغا يولغا چىقىش ئالدىدا ئىنىسى ئەنۋەرجان: «ئاچا، مەن ھەقىقەتەن سىزدىن پەخىرلىنىمەن، يەنە سىزدىن ئايرىلىپ قېلىشىمنى ئويلىسام كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولىدۇ، يىراق سىزدىكى جاسارەت ماڭا ئەمدى نېمە قىلىش، قايسى يولدا مېڭىشنى ياخشى كۆرسىتىپ قويىدى» دېدى. شۇندىن باشلاپ ئۇمۇ سەھەر تۇرۇپ ، كەچ يېتىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى.

ياپونغا كەلگەن دەسلەپكى ئىككى يىل جەرياندا نۇرسىمانگۈل شەخسلەرنىڭ **DNA** تەكشۈرۈپ بېكىتىش **(**個人識別 **DNA** の鑑定**)** دېگەن تېمىدا تەتقىقات ئېلىپ باردى، ھەمدە ئۆزىنىڭ ئۈچ ئەۋلاد ئۇرۇق ـ تۇغقىنىنىڭ تىرناق ۋە چاچ ئەۋرىشكىسىدىن پايدىلىنىپ، ئىرسىي ئۇچۇر بىلەن تۇغما كېسەللىكلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى توپلىدى.



2 ـ رەسىم. 2006 ـ يىلى توكيو دېنكى ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى پروفېسسور تاناكا ئەپەندى ۋە ساۋاقداشلىرى

2007 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىنجاڭغا قايتىپ توي قىلدى. 2008 ـ يىلى يولدىشىمۇ توكيو دېنكى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇچۇر فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىپ، ئىككىسى بىرلىكتە ياپونىيەدە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ياپونىيەگە كەلگەن دەسلەپكى ۋاقىتلاردا بالىلار مېڭە پارالىچ كېسەللىكلىرىگە ئائىت تەتقىقات جەھەتتە ئىزدىنىپ بېقىشنى نىيەت قىلغان ئىدى. كېيىن ئىزدىنىش نەتىجىسىدە ياپونىيەدە مېڭە پارالىچ كېسىلى بولغان بالىلار سانىنىڭ شىنجاڭدىكىنىڭ ئوندىن بىرىگىمۇ توغرا كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدى، ھەمدە تۇغۇت جەريانىدا ھامىلىنى ياخشى كۆزىتىش ۋە ھامىلدارلىق جەريانىدىكى قەرەللىك تەكشۈرتۈشكە ئەھمىيەت بەرگەندە بالىلاردىكى پارالىچ كېسىلگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتىنى زور دەرىجىدە ئازايتقىلى بولىدىغانلىقىنى، بالىلار مېڭە پارالىچ كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئۇنى داۋالاشتىنمۇ مۇھىم ئورۇندا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئاياللار كېسەللىكلىرى ئىلمىدە ئوقۇسا ھەم ئاياللار كېسەللىكلىرى ھەمدە تۇغۇتقا دائىر كۆپ دائىرىلىك بىلىملەرنى ئۆگىنىش پۇرسىتىنىڭ بارلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئاياللار كېسەللىكلىرى ئىلمىدە ئوقۇش قارارىغا كەلدى. بىراق ياپونىيەدە ئاياللار كېسەللىكلىرى دوختۇرلىرى كەمچىل بولۇپ، دوختۇرلار كلىنىكىلىق داۋالاشقا كۆپ ۋاقىت ئاجراتقانلىقتىن، ئوقۇغۇچى تەربىيىلەشكە ۋاقتى يېتىدىغان يېتەكچى ئوقۇتقۇچى تېپىش تولىمۇ تەسكە توختايتتى. شۇنداقتىمۇ ياپونىيەدىكى ئوندىن ئارتۇق ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىي مەكتەپنىڭ ئاياللار كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ پروفېسسورلىرى بىلەن

ئالاقە قىلغان بولسىمۇ، پەقەت ئىككىلا مەكتەپتىن، يەنى كيوشيو ئۇنىۋېرسىتېتى مېدىتسىنا فاكۇلتېتى بىلەن جۇنتېندو ئۇنىۋېرسىتېتى مېدىتسىنا فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورىدىن ئالاقە تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ قايسى مەكتەپتە ئوقۇش ئۈستىدە كۆپ ئويلاندى. مەكتەپنىڭ بىرى توكيودا، يەنە بىرى باشقا بىر ئۆلكىدە ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئالدى بىلەن كيوشيو ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ كيوشيوغا قاراپ يولغا چىقتى. كيوشيو بەكمۇ گۈزەل بولۇپ، مەكتەپ سەل شەھەر سىرتىدا بولغاچقا، ماشىنىلىق بېرىشقا توغرا كېلەتتى. ياپونلۇق پروفېسسور شۇنچە يىراق يەپەك يولىدىن كەلگەن بۇ ئۇيغۇر قىزنىڭ ياپون تىلىدا ئۆزى بىلەن قىلچە تەمتىرىمەستىن خۇددى ئۆز ئانا تىلىدا سۆزلەۋاتقاندەك پاراڭلىشىۋاتقىنىدىن بەكمۇ ھەيران قالدى، ھەمدە قىزغىنلىق بىلەن مەكتەپنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى. نۇرسىمانگۈلگە بۇ مەكتەپتە ئوقۇپ قالسا، ئوقۇشى تۈگىگىچە ئوقۇش مۇكاپاتى ئالالايدىغانلىقىنى، ھەم ئۆزلىرىنىڭمۇ ھەر قايسى جەھەتتىن ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. نۇرسىمانگۈل كيوشيودىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق ئاخىر يەنىلا ياپونىيەدە تۇنجى 175 يىللىق تارىخقا ئىگە ھەمدە ئاياللار كېسەللىكلىرى ئىلمى بويىچە ئەڭ داڭلىق جۇنتېندو ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇش قارارىغا كەلدى. يىللاردىن بۇيانقى ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش، تىرىشچانلىق ئاخىر مېۋە بەردى . باشقا پروفېسسور ۋە باشقا يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياپون تىلى ۋە ئىنگلىز تىلىدا بويىچە يۈز ـ تۇرانە ئىمتىھانىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ياپون تىلى بىرىنچى دەرىجىدە ئىمتىھانىدىن ئۆتكەنلىكى، ھەمدە ئىنگلىزچە سەۋىيىسىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، جۇنتىندو ئۇنىۋېرسىتېتى كلىنىكىلىق داۋالاش فاكۇلتېتى ئاياللار كېسەللىكلىرى تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ دوكتورلۇق ئوقۇشىغا يېزىقچە ئىمتىھان كەچۈرۈم قىلىنىپ ئىمتىھانسىز قوبۇل قىلىندى، ھەمدە شۇ يىلى ياپونىيە مائارىپ مىنىستىرلىقى تەسىس قىلغان ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا قوشۇلۇپ بالىياتقۇ راكىغا دائىر تەتقىقاتىغا كىرىشىپ كەتتى. بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئىگىلىگەن بىلىمىنىڭ ياپونلۇق ئوقۇغۇچىلارغا سېلىشتۇرغاندا بەكمۇ يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ياپونلارنىڭ ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ھەمدە بىلىم دائىرىسى تولىمۇ كەڭ قاتلاملىق بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپتىن باشلاپلا تەتقىقاتنى باشلايدىكەن. ئاساسىي بىلىم قۇرۇلمىسى ناھايىتى پۇختا بولۇپ، دۆلەت ئىچىدىكىگە ئوخشاش يېتەكچى ئوقۇتقۇچى ھەممە ئىشىغا يېتەكچىلىك قىلماستىن، ھەپتىدە بىر قېتىم يىغىلىشىپ، قالغان ۋاقىتتا پۈتۈنلەي ئۆزىگە تايىنىپ ئىنگلىز تىلىدىكى ماقالىلەرنى كۆرۈش، تەتقىقات پىلانىنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى قىلماقچى بولغان ئىشنى ئۆزى تېپىپ قىلىش

مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق تەتقىقاتنى مۇستەقىل قىلىشقا يېتەكلەيدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. نۇرسىمانگۈلگە دەسلەپتە بەك تەسكە توختىدى . كۈنلىرى ھەر كۈنى تەجرىبىخانىلاردا، كۇتۇپخانىلاردا كىتاب دۆۋىسى ئىچىدە ئۆتتى. يېرىم يىل قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئاخىر ياپونلۇق ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوخشاش پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان ھالەتكە كەلدى. ئىنىسى ئەنۋەرجانمۇ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتنى ياخشى نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە بىر يىل ئىنگلىز تىلى ئۆگەندى. بۇ جەرياندا ياپون تىلى ئۆگىنىشنىمۇ قولدىن بەرمىدى. يۈسۈپجان ئاكا ئەر-ئايال دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن يالغۇزلۇق دەردىنى كۆپ تارتتى. بۇ جەرياندا نەچچە قېتىم قاتتىق ئاغرىپ بالنىستتا داۋالاندى. لېكىن بالىلىرىنى ئەندىشىگە سالماسلىق، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن ئۇلارمۇ ئۈن-تىنسىز كۆپ بەدەل تۆلىدى.

يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى نۇرسىمانگۈلدىكى كەسپكە بولغان بۇ ئوتتەك قىزغىنلىقنى كۆرۈپ، ئۇنى يەنىمۇ ئەتراپلىق تەربىيىلەش ئۈچۈن، بۇندىن كېيىن ئوپېراتسىيىلەرگىمۇ قاتنىشىشنى ئېيتتى. ئۇ شۇنداق قىلىپ پەقەت تەتقىقات بىلەنلا ئەمەس، ئەمەلىيەت بىلەنمۇ ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. تەجرىبىنى تۈگىتىپ ھەرخىل ئاياللار ئۆسمە كېسەللىكلىرىگە ئائىت ئوپېراتسىيىلەرگە قاتناشقاندىن سىرت يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى بىلەن ئامبۇلاتورىيىدە كېسەل كۆرۈشكە باشلىدى، ھەمدە ئەتىگەنلىك ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ دوختۇرخانىنىڭ مۇناسىۋەتلىك خادىملىرىغا ياردەملىشىپ، تەجرىبىخانىدا سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش تېخنىكىسىنى ئۆگەندى. جۇنتىندو ئۇنىۋېرسىتېتى ئاياللار بۆلۈمىنىڭ خىزمەت تەرتىپى مۇنداق ئىدى. ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 6~7 گىچە سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن بىمارلاردىن تۇخۇملار ئېلىنىپ تەجرىبىخانىدا پەرۋىش قىلىناتتى. 7~9 غىچە باش پروفېسسورنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىمارلارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى توغرىسىدا مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلاتتى . 9 دىن باشلاپ بالنىستتا كېسەل كۆرۈش باشلىنىپ، 10 دىن باشلاپ نۆۋەتچى دوختۇرلار ئامبۇلاتورىيىدە كېسەل كۆرسە، قالغان دوختۇرلار ئوپېراتسىيىگە چىقاتتى. ۋاقىتلا بولسا خالىغان بىلىمنى ئۆگىنىش پۇرسىتى كۆپ ئىدى. ئۇ بۇ خىل ئەۋزەل شارائىتتىن پايدىلىنىپ ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ھەممە بىلىملەرنى تولۇق ئۆگىنىشكە تىرىشتى، ۋە ئوقۇش پۈتتۈرگۈچە ئۇدا تۆت يىل ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. دوكتورلۇق ئوقۇشىنى باشلىغان دەسلەپكى ئىككى يىلدا ئۆز تەتقىقاتىدىن باشقا، سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش تېخنىكىسىنىمۇ مۇكەممەل ئۆگىنىۋالدى. بۇ جەرياندا تۇغماسلىق كېسىلى توغرىسىدىمۇ نۇرغۇن ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ باردى. چۈنكى ئۇ ۋەتىنىدىكى چاغلىرىدىلا پەقەت راك

كېسەللىكلىرىنىلا ئەمەس، ئاياللار ئىچكى ئاجراتما كېسەللىكلىرى ، تۇغماسلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرنىمۇ ياخشى بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگەنمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ئىدى. 2009 ـ يىلى چوڭ ئوغلىغا ھامىلدار بولدى. ئۆگىنىش، تەتقىقات ئىشلىرى ئالدىراش بولغاچقا، ھامىلدارلىق سەۋەبىدىن بەزى تەجرىبىلەرنى ئىشلەش ۋە ئۇزاق ۋاقىت ئوپېراتسىيە كارىۋىتى ئالدىدا تۇرۇشقا جىسمانىي قۇۋۋىتى يار بەرمىدى. بالىسىنى ئامان ـ ئېسەن يەڭگۈۋېلىش ئۈچۈن مەكتەپتىن بىر يىل تۇغۇت دەم ئېلىشى ئېلىپ، تەتقىقاتىنى ۋاقىتىنچە توختىتىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ياپونىيەدە ئالاھىدە سەۋەب بولمىغان ئەھۋالدا، ھەر قانداق ئىشقا ئېتىبار بېرىلمەيتتى. مەلۇم سەۋەب بىلەن خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزۈشكە ۋە باشقىلارغا يۈك بولۇشقا بولمايتتى. ئۇ دەم ئالماي ھامىلدارلىقىنىڭ ئاخىرغىچە غەيرەت قىلىپ چىداشنى ئويلىدى، بىراق مەكتەپكە بېرىپ كېلىش ئۈچۈن كۈنىگە ئۈچ سائەت پويىزدا تۇرۇشقا توغرا كەلگەچكە، ھەر كۈنى ئۆرە تۇرۇپ پۇتلىرى ئىششىپ كېتەتتى . بۇ خىل ھالەت ئۇزاق داۋاملاشسا ھامان خىزمەت تەرتىپىگە تەسىر يېتەتتى . شۇ سەۋەبتىن ئامالسىز ئوقۇشنى بىر يىل توختىتىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. چوڭ ئوغلى تۇغۇلۇپ ئالتە ئايدىن كېيىن، بالىسىنى ۋەتەندىكى ئاتا ـ ئانىسىغا قاراشقا تاپشۇرۇپ يەنە دەرھال ياپونغا قايتىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. ئىنىسى ئەنۋەرجانمۇ ئۈرۈمچىدىكى ئىنگلىزچە ئوقۇشنى غەلىبىلىك تۈگەتتى. ئەمدىكى ئىش يېتەكچى ئوقۇتقۇچى ئالاقىلىشىشتە قالغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوقۇش تارىخىنى ئىنگلىزچە ھەم ياپونچە تەييارلاپ ئاچىسىغا ئەۋەتىپ بەردى. جۇنتېندو ئۇنىۋېرسىتېتى سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ باش پروفېسسورى ئەنۋەرجاننىڭ ماتېرىياللىرىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، « ئۇككىزىنىڭ ئوقۇش نەتىجىسى ھەقىقەتەن ياخشىكەن، ئۇمۇ تىرىشسىلا چوقۇم سىزگە ئوخشاش ياخشى ئوقۇپ كېتەلەيدۇ، دەپ قارايمەن. بولىدۇ، مەندە ئوقۇشقا قوشۇلىمەن، بىراق بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، ياپون تىلى دەرىجە ئىمتىھانىدىن ئۆتۈشى كېرەك» دېدى، ۋە كاتىپىغا ئەنۋەرجاننىڭ رەسمىيەتلىرىگە تامغا قويۇپ بېرىشنى تاپىلىدى.

نۇرسىمانگۈل ئاخىر بۇ مېھرىبان، قەيسەر ئىنىسى بىلەن دوكتورلۇقنىمۇ بىر مەكتەپتە ئوقۇيدىغانلىقىنى ئويلاپ قەۋەتلا خۇش بوپ كەتتى. يۈسۈپجان ئاكا ئەر ـ ئايالمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بالىلىرىدىن شۇ قەدەر سۆيۈندى. ئۇزاق ئۆتمەي ئەنۋەرجانمۇ بارلىق رەسمىيەتلىرىنى ئوڭۇشلۇق بېجىرىپ، ياپونغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ ياپونغا كېلىپ يېرىم يىل كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، ياپون تىلى ئىمتىھانىغا پۇختا تەييارلىق قىلدى. ئەسلىدىن تىل ئاساسى ياخشى بولغاچقا ئىمتىھاندىن غەلىبىلىك ئۆتتى، ھەمدە ئارقىدىن جۇنتېندو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىمتىھانىغىمۇ قاتنىشىپ ئويلىغىنىدىنمۇ ياخشى

نەتىجىگە ئېرىشتى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئامراق ئاچا-ئۇكا بىر مەكتەپتە مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ تىرىشىشقا باشلىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن تۇرمۇش جەھەتتە بىر-بىرىگە يار يۆلەك بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش-تەتقىقات جەھەتتە داۋاملىق بىر-بىرى بىلەن ھەمكارلىشاتتى، بىلمىگەنلىرىنى ئۆز ئارا بىرلىكتە ھەل قىلاتتى. 2012-يىلى يىل ئاخىردا نۇرسىمانگۈلنىڭ يولدىشىمۇ ياپونىيە سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سانائەت تەتقىقات فاكۇلتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ، ماگىستىر ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىندى. ئۇمۇ ئائىلىدە كۆيۈمچان ئەر، مەكتەپتە تىرىشچان ئوقۇغۇچى بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى، ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىنى قامداش ئۈچۈن ئوقۇشتىن سىرت ئىشلەش، كۈنىگە تۆت-بەش سائەتلەپ پويىزغا ئولتۇرۇپ مەكتەپكە بېرىپ-كېلىشكە ئوخشاش ئىشلار بۇ ئەر-ئايالنى خېلىلا چارچاتتى. لېكىن بۇ تەستە نېسىپ بولغان ئوقۇش پۇرسىتىنى ئويلاپ، ئۇلار يەنىلا ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئالغا قاراپ ماڭدى. مەكتەپكە كىرىپ ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتكەندە نۇرسىمانگۈلنىڭ يولدىشىمۇ قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئاخىر ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شۇنداق قىلىپ بۇ بىر جۈپ ئەر-ئايالنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىمۇ خېلىلا يەڭگىللەپ قالدى. نۇرسىمانگۈل بولسا بىر يېرىم يىل زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش نەتىجىسىدە ئاخىرى دوكتورلۇق ماقالىسىنى يېزىشقا كىرىشتى. ئىلمىي ماقالىسىنى يېزىپ تۈگەتكەن ۋاقتىتا ئوغلى ئىككى ياشقا كىرىپ قالغان ئىدى. ئۇ ۋەتەندىن ئوغلىنى قايتۇرۇپ كېلىپ ، ئۆزى قاراشقا باشلىدى ھەمدە 2012-يىلدىن باشلاپ ياپونىيىنىڭ فۇكۇئوكا، كوبې، شىمانې ۋە توكيودا ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ماقالىسىنى ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىپ ، ناھايىتى ياخشى باھالارغا ئېرىشتى. گەرچە بىر نەچچە قېتىم چەت ئەللەردە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىش پۇرسىتى كەلگەن بولسىمۇ، بالىسى تېخى كىچىك بولغاچقا ئامالسىز ۋاز كەچتى. 2014-يىلى ئۇنىڭ **SPAR was overexpressed in human endometrial cancer stem-like cells and promoted migration activity**. دېگەن تېمىدىكى ماقالىسى ئامېرىكىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى «**Gynecologic Oncology**» ناملىق داڭلىق ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى ھەمدە 2014-يىلى 4-ئايدا ياخشى نەتىجە بىلەن دوكتورلۇق ئوقۇشىنى غەلىبىلىك تاماملاپ، يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ياپونىيە دۆلەتلىك راك تەتقىقات مەركىزى بىلەن ھەمكارلىشىپ قىلىۋاتقان تەتقىقات تۈرىگە ياردەملىشىپ، راك تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇردى. 2014-يىلى 9-ئايدا ئىككىنچى ئوغلىنى يەڭگىش سەۋەبىدىن يەنە دەم ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. 2015-يىلى 3-ئايدىن باشلاپ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىغا ياردەملىشىپ، ياپونىيە دۆلەتلىك راك تەتقىقات مەركىزى بىلەن بىرلىشىپ قىلىۋاتقان غول ھۈجەيرە تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇردى. شۇ يىلى مارت ۋە ئاپرېلدا ئۇنىڭ يولدىشى


ھەم ئىنسى دوكتورلۇق ۋە ماگىستىر ئاسپىرانتلىق ئوقۇشلىرىنى غەلىبىلىك تۈگەتتى. ئۇ يېقىن كەلگۈسىدە ۋەتەنگە قايتىپ دوختۇرخانا ئېچىپ، ئاياللار ئۆسمە كېسەللىكلىرىگە قارىتا داۋالاش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، خەلقىنىڭ ھەقىقىي خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن ئەتراپلىق ئىزدەنمەكتە.



3 ـ رەسىم. دوكتور ئائىلىسى بىلەن بىرگە (دادىسى يۈسۈپجان ئىبراھىم ئاكا، ئاپىسى نۇرىمانگۈل ئايمۇھەممەت ھەدە، ئىنىسى ئەنۋەرجان بىلەن بىرگە)




4 ـ رەسىم. ئاتا ئانىسى ۋە ئىنىسى بىلەن يوكوخامادا




5 ـ رەسىم. كوبېدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنىدىن كۆرۈنۈش



**6 ـ رەسىم. ئاياللار كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسى كيۇشيۇ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئاياللار كېسەللەر بۆلۈمى مۇدىرى، باش ۋىراچ كاتو كىيوكو خانىم، دوكتورنىڭ يېتەكچى ئۇستازى بىلەن بىللە.**




**7 ـ رەسىم.** ئىنىسى ئەنۋەرجاننىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەن كۆرۈنۈشى



**8 ـ رەسىم.** ئائىلىسىدىن بىر كۆرۈنۈش (يولدىشى تۇرغۇنجان ياسىن ئەپەندى، چوڭ ئوغلى فىكرەت تۇرغۇن 5 ياش، ۋە كىچىك ئوغلى فېرزاد تۇرغۇن 5 ئاي).




9 ـ رەسىم. يولدىشى تۇرغۇن ياسىن ئەپەندىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ۋاقتى

## دوكتور نۇرسىمانگۈل يۈسۈپ ئېلان قىلغان ماقالىلەر ۋە قاتناشقان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى

ئەسكەرتىش : ئاپتورنىڭ باشقا بىر نەچچە تۈرلۈك تەتقىقات تېمىسى ۋە مەزمۇنى دۆلەتنىڭ تەتقىقات تۈرى بولغاچقا، ئاشكارىلاشقا بولماسلىق سەۋەبىدىن ئېنىق چۈشەنچە بېرىلمىدى.

SPARC was overexpressed in human endometrial cancer stem-like cells and .promoted migration activity

Yusuf N[1], Inagaki T[1], Kusunoki S[1], Okabe H[1], Yamada I[1], Matsumoto A[1], Terao Y[1], Takeda S[1], Kato K[2].


Gynecol Oncol. 2014 Aug;134(2):356-63. doi: 10.1016/j.ygyno.2014.04.009. Epub 2014 Apr 25.

Side-population cells derived from Non-tumorigenic rat endometrial cells are a .candidate cell of origin malignant endometrial tumors

Kato K, kusunoki S, Inagaki T, Yusuf N, Okabe H, et al.(2012), J Stem Cell Res TherS7:003.doi:10.4172/2157-7633.S7-003.

①.第 9 回産婦人科がん分子標的研究会 （2010 年 9 月 10 日）
発表テーマ：子宮体癌を標的した治療法の検討
23 年度学会発表
②.第 10 回産婦人科がん分子標的研究会（2011 年 7 月 2 日 ）
発表テーマ；子宮体癌幹細胞形質獲得機構における dbpC/Contorin の関与
③.the 9th Stem Cell research Symposium
Salinomycin inhibits proliferation and migration of endometrial cancer stem-like cell (poster sesstion)
④.福岡大学で行う第 15 回バイオ治療研究会（2011 年 12 月 3 日）
テーマ：子宮体癌幹細胞における細胞基質タンパク Sparc の機能解析 （口頭発表）
24 年度学会発表
１．第 64 回日本産科婦人科学会学術講演会 ポスター発表
細胞基質蛋白 SPARC（secreted protein acidic and rich in cystein）は子宮体癌細胞の遊走能を亢進する
2012 年 4 月 13 日(金)14 日(土)15 日(日)／神戸市
2. 2012 年 6 月 22
日栃木県で行う第 11 回産婦人科がん分子標的研究会で発表しました
テーマ：網羅的メチレーション解析による癌幹細胞形質獲得関連遺伝子の同定

## 2. سۆگەك كېسەللىكلەر دوكتورى ـ ئەنۋەرجان يۈسۈپ(ياپونىيە)




**1 ـ رەسىم. ئىنىمىز ئەنۋەرجان يۈسۈپ**

ئەنۋەرجان يۈسۈپ **1983** ـ يىلى **10** ـ ئاينىڭ **8** ـ كۈنى غەربىي جەنۇبى تارىم نېفىتلىكىدە بىر زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى شۇ يەردە تاماملىغان. دادىسى يۈسۈپجان ئاكىنىڭ خىزمىتىنىڭ ئالدىراشلىقىغا قارىماي كۈندىلىك ئۆگىنىش ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشىغىچە ھەر ۋاقىت كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە پەرزەنتلىرىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى ئۇنىڭدا ھەر قانداق ئىشنى ئەستايىدىللىق بىلەن قىلىدىغان، ھەمدە ئاخىرىغا چىقارمىغۇچە بولدى قىلمايدىغان خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەن. ھەدىسىنىڭ تەسىرى، ھەمدە ئۆزىنىڭ شۇ ئەستايىدىل، كىچىككىدىن خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشقا ئامراق، يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان خاراكتېرى ئۇنى بارا ـ بارا يۈكسەك ئەستايىدىللىق تەلەپ قىلىدىغان دوختۇرلۇق كەسپىگە قىزىقتۇرغان. ئەنە شۇ قىزىقىشىنىڭ تۈرتكىسىدە، ھەدىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ **2002** ـ يىلى **9** ـ ئايدا شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى كىلىنىكىلىق داۋالاش كەسپىگە قوبۇل قىلىنىدۇ. ئالىي مەكتەپتىكى تىرىشچانلىقى ۋە ئەستايىدىللىقى بىلەن سىنىپىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچىلىرىغا ئايلىنىدۇ. كەلگۈسىدە بىر يارامىلىق تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى بولۇش ئارزۇسىنى قەلبىگە پۈكۈپ، ئۆز نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن ئۇنىۋېرسىتېتتا ئۆزىگە ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قويۇپ تىرىشىپ ئوقۇيدۇ. **2006** ـ يىلى ئۇنىڭ ئوقۇش نىشانىدا چوڭ بىر بۇرۇلۇش يۈز بېرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن تا

هازىرغا قەدەر بىر نۇرلۇق ماياك بولۇپ كېلىۋاتقان، باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ تاكى دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكۈچە ئوخشاش مەكتەپتە بىللە ئوقۇپ كەلگەن ھەدىسى نۇرسىمانگۈل يۈسۈپ شۇ يىلى شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كىلىنىكىلىق داۋالاش كەسپىدە باكلاۋۇرلۇق ئوقۇشنى تاماملايدۇ، ئەمما ئەۋزەل بولغان ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرستىنى تاشلاپ، ياپونىيەگە كېلىپ داۋاملىق ئوقۇش قارارىنى چىقىرىدۇ. كىچىكىدىن «ئوقۇيمەنلا دېسەڭلار، چوقۇم ۋايىغا يەتكۈچە ئوقۇتىمەن»، دەپ ئىلھاملاندۇرۇپ كېلىۋاتقان مېھرىبان ئاتا ـ ئانىسى بىر مۇشەققەتتە ئاران جەم بولغاندا چىقىرىلغان بۇ قاراردىن دەسلەپتە نارازى بولغان بولسىمۇ، ئۆز يۈرەك پارىسىنىڭ كۆكتە تېخىمۇ ئېگىز پەرۋاز قىلىشى ئۈچۈن، زور كۈچ بىلەن قوللايدۇ، ۋە زور ئارزۇ ـ ئارمانلار بىلەن يولغا سېلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر تەرەپتىن ھەدىسىنىڭ غەيرىتىگە بولغان قايىللىق شەكىللەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن بىر قىز بالىنىڭ تىكەندەك يالغۇز، شۇنچىلىك ئىرادە بىلەن يات بىر ئەلگە مېڭىشى تومۇرىدا ئوخشاش بىر دادىنىڭ قېنى ئېقىۋاتقان ئەنۋەردە «مەنمۇ چوقۇم ئوقۇيالايمەن، ھەم ئاچامنى يېنىدا تۇرۇپ قوغدايمەن» دېگەن دەسلەپكى نىشان پەيدا بولىدۇ. شۇ نىشانىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئوقۇشنىڭ ئاخىرىنى تېخىمۇ تىرىشىپ ئوقۇيدۇ . 2008 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى سۆڭەك بۆلۈمدە پراكتىكا قىلىش جەريانىدا، فرانسىيەدىن كەلگەن بىر پروفېسسور بىلەن بىللە تىز بوغۇم ئالماشتۇرۇش ئوپېراتسىيىسىگە بىللە قاتنىشىش پۇرستىگە ئىگە بولىدۇ. يۇقىرى تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان بۇ ئوپېراتسىيە، شۇنداقلا پروفېسسورنىڭ شۇنچىلىك ئۇستىلىق بىلەن ئوپېراتسىيە قىلىشى كىچىكىدىن يېڭىلىقا ئىنتىلىدىغان ئۇنى ئۆزىگە شۇنداق قىزىقتۇرىدۇ، ۋە ياپونىيەگە چىققاندىن كېيىن سۆڭەك كېسەللىكلىرى ئىلمىدە ئوقۇش نىشانى شەكىللىنىدۇ، ھەمدە بۇ ئارزۇسىنى ھەدىسىگە ئېيتىدۇ. 2008 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تېببىي ئۇنىۋېرستېتنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئەۋزەل خىزمەت پۇرستىنى تاشلاپ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كېتىدۇ (دوختۇرلۇق كەسپىدە ئىنگلىز تىلى كۆپرەك ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈن). 2009 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ھەدىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ياپونىيە جۇنتېندو ئۇنىۋېرستېتىنىڭ سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمگە ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنىدۇ. تىلسەڭ تاپارسەن دېگەندەك، ئۇنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تەتقىقاتىنىڭ دەل ئۇ ئارزۇ قىلغان تىز بوغۇم كېسەللىكلىرى ئۈستىدە بولۇپ چىقىشى ئۇنى شۇنچىلىك خوش قىلغان ئىدى. قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن ھەدىسى ۋە يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ياردىمىدە ئوقۇشقا تېزلا كىرىشىپ كېتىدۇ. رەسمىي ھالدا دوكتورلۇق ئىمتىھانى بېرىش ئۈچۈن بىر يىل تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچى بولۇپ تەييارلىق قىلىشقا توغرا كېلىدىغان بولغاچقا، يېڭى مۇھىت،

تۇرمۇش ۋە خىزمەت بېسىمى ھەر تەرەپتىن قىيناپ تۇرسىمۇ، شۇنچە يىراق جايدا تۇرۇپ ئۆزى جاپا تارتسىمۇ، بۇ بىر جۈپ پەرزەنتى ئۈچۈن ھەممىنى قۇربان قىلىپ تۇرۇپ قوللاپ كېلىۋاتقان مېھرىبان ئاتا ـ ئانىسى، شۇنداقلا يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچى (ئۇنى كۈتۈۋېلىش زىياپىتىدە يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى ئەنۋەر كېلىشتىن بۇرۇن ھەدىسى بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ۋە ھەدىسىنىڭ ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇۋاتقانلىقىنى بىلىدىغانلىقى، ئەنۋەرنىڭمۇ شۇنداق ئوقۇيالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقى، چۈنكى ئۇلاردا ئوخشاش **DNA** بارلىقى توغرىسىدا ئېيتقانىدى) ئۇنى ئۆزلۈكسىز تىرىشىشقا ئۈندەيتتى. بىر يىللىق تەييارلىقتىن كېيىن **2010** ـ يىلى **9** ـ ئايدا ئىنگلىز تىلىدا رەسمىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانى بېرىدۇ، ئىككى ھەپتىدىن كېيىن قوبۇل قىلىنغانلىق ئۇقتۇرۇشىنى قوبۇل قىلىپ ئالەمچە خۇشاللىققا چۆمىدۇ. لېكىن قوبۇل قىلىش شەرتىدە چوقۇم ياپون تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانىدا **3** ـ دەرىجە **(N3)** دىن ئۆتۈش شەرت قىلىنغان ئىدى. ئۇ ئىمتىھان **12** ـ ئايدا ئېلىنىدىغان بولۇپ، پەقەت ئىككى ئايلا تەييارلىق ۋاقتى بار ئىدى. مەكتەپتە چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ھەر ھەپتىدە ئىككى سائەت ياپون تىلى دەرسى ئۆتۈپ بېرىلەتتى. بۇرۇن ياپون تىلى ئۆگىنىپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ياپون تىلىنى شۇ دەرسخانىدا ئۆگىنەتتى. شۇ سىنىپنىڭ ياپون تىلى ئوقۇتقۇچىسىدىن مەسلىھەت سورىسا، ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى سەۋىيىسىدە **N3** ئىمتىھانىدىن ئۆتۈشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتىدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ كەينىگە يېنىشقا قەتئىي بولمايتتى. بولمىسا يەنە بىر يىل ساقلاشقا توغرا كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئاي كېچە ـ كۈندۈز تىرىشىپ ئىمتىھاننى بېرىدۇ. شۇنداق جاپالىق تىرىشىشتىن نەتىجە چىققان ئىدى. ئاشۇنداق جاپالىق تىرىشىش نەتىجىسىدە، ئۇ ياپون تىلى ئوقۇتقۇچىسى ۋە يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىنى ھەيران قالدۇرۇپ **N3** سەۋىيە سىناش ئىمتىھانىدىن يۇقىرى نومۇر بىلەن ئۆتۈپ، مەكتەپكە رەسمىي دوكتورلۇق پروگراممىسى بويىچە **4** يىللىق تەربىيىلىنىشكە قوبۇل قىلىنىدۇ.


شۇنداق قىلىپ، **2011** ـ يىلى **4** ـ ئايدىن باشلاپ، «ياشانغانلاردىكى تىز بوغۇم شىللىق پەردە ياللۇغىنىڭ تىز بوغۇم فۇنكسىيىلىك ئۆزگىرىشىدە ئوينىغان رولى ۋە تىز بوغۇم ئالماشتۇرۇش ئوپېراتسىيىسى قىلىشنىڭ ئالتۇن پەيتى» توغرىسىدىكى تەتقىقاتى باشلىنىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس تۈزۈلگەن تەتقىقات تېمىسى ئۈچۈن ئامبۇلاتورىيىدە، ئوپېراتسىيەخانىدا كېسەللەرنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىنى ۋە توقۇلما ئەۋرىشكىلىرىنى يىغىشقا توغرا كېلەتتى. ئىككى يېرىم يىل ئەۋرىشكە ۋە سانلىق مەلۇماتلىرىنى يىغىش نەتىجىسىدە ئاخىرى ستاتىستىكا قىلىشقا يەتكۈدەك سانلىق مەلۇماتلار تەييار بولىدۇ. بۇ جەرياندا يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى بىلەن بىرلىكتە


ئامبۇلاتورىيەدە بىرگە كېسەل كۆرۈپ، ئوپېراتسىيىگە بىرلىكتە قاتنىشىپ، مول تەجرىبىلەرگە ئىگە بولىدۇ. ئەنئۇەر ۋەتەندىكى ۋاقتىدا چەتئەلدە دوختۇرلۇق ئوقۇسا كەچكىچە تەجرىبىخانىدا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ كېسەللەر بىلەن ئۇچرىشىش پۇرستى بولمايدۇ، دەپ ئاڭلىغان ۋە مەنمۇ شۇنداق بولارمەنمۇ دەپ ئەندىشە قىلغان. لېكىن، بۇ پۇرسەتلەرگە ئېرىشىپ ئۆزىنىڭ خاتا ئۇچۇرغا ئىگە بولۇۋالغانلىقىنى، ۋە ئارتۇقچە ئەندىشە قىلغانلىقىنى، چەتئەلدىمۇ ھەقىقىي قول سېلىپ ئىشلەش پۇرستىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىدۇ.



2 ـ رەسىم. ئوقۇتقۇچىسى بىلەن بىللە تىز بوغۇم ئالماشتۇرۇش ئوپېراتسىيىسىدىن بىر كۆرۈنۈش

ھەرخىل ستاتىستىكىلىق ئانالىز قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ تەتقىقاتىدىن ئاخىرى نەتىجە چىقىدۇ، ۋە بۇ نەتىجىنى 2013 ـ يىلى 4 ـ ئايدا پارىژدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق بوغۇم يالللۇغى ۋە كۆمۈرچەك كېسەللىكلىرى مۇھاكىمە يىغىنىدا ئېلان قىلىش پۇرستىگە ئېرىشىدۇ. يىغىندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنى دوكتورلۇق ئوقۇشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىلى تەتقىقاتىنىڭ ياپونىيە ياشانغانلار كېسەللىكلىرى ئالدىنى ئېلىش تەتقىقات فوندىنىڭ تەتقىقات ياردەم پۇلى بىلەن تەمىنلىنىدىغانلىقى ۋە تەتقىقات ياردەمچىسى مائاشى بېرىدىغانلىق ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ۋە تىرىشچانلىقىنىڭ ئېتىراپقا ئېرىشكەنلىكىدىن چەكسىز ئېپتىخارلىنىدۇ.








3 ـ رەسىم. پارىژدا ئۆتكۈزۈلگەن **2015** ـ يىللىق خەلقئارالىق بوغۇم ياللۇغى ۋە كۆمۈرچەك كېسەللىكلىرى مۇھاكىمە يىغىنىدا يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى دوكتور **Ishijima** ئەپەندى بىلەن بىللە

ئاخىرقى يىلمۇ توختىماي تىرىشىش نەتىجىسىدە تەتقىقاتىنىڭ داۋامى يەنە يېڭى نەتىجىگە ئېرىشتۈردى. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى ئامېرىكا بوستون ئۇنىۋېرسىتېتى رادىئاتسىيە بۆلۈمىنىڭ پروفېسسورى، ھازىرقى ماگنىتلىق رېزونانس سىفىرلەش **(MRI)** تېخنىكىسى ئارقىلىق دىئاگنوز قويۇش ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى ئەلى.گۇئېرمازى ( **.Ali Guermazi**) ئەپەندىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ ۋە ئۇنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىدۇ. شۇنداقلا بۇ يىل **4** ـ ئايدا ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق بوغۇم ياللۇغى ۋە كۆمۈرچەك كېسەللىكلىرى مۇھاكىمە يىغىنىغا يەنە بىر قېتىم تەكلىپ قىلىنىدۇ.




4 ـ رەسىم. يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى ۋە تەتقىقات گۇرۇپپا ئەزالىرى




5 ـ رەسىم. ئامېرىكىدىكى 2015 ـ يىللىق خەلقئارالىق بوغۇم ياللۇغى ۋە كۆمۈرچەك كېسەللىكلىرى مۇھاكىمە يىغىنىدا دوكتور Ali.Guermazi ئەپەندى بىلەن بىللە

شۇنداق قىلىپ 2015 ـ يىلى 4 ـ ئايدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، ھازىر جۇنتېندو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمىدە دوكتور ئاشتى بولۇپ ئۆز تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.




**6 ـ رەسىم. ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا ھەدىسى نۇرسىمانگۈل بىلەن بىللە**




7 ـ رەسىم. ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە

ئىنىمىز ئەنۋەرجان يۈسۈپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ جەرياندا ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلار ھەم ئوڭۇشسىزلىقلار شۇنچىلىك كۆپ بولسىمۇ، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىدۇ. شۇڭا چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئارزۇسىدا بولۇۋاتقان ياشلارغا دەيدىغىنىم، چەتئەلدە ئوقۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئاچقۇچى ئۆزىڭىزگە تايىنىش. چۈنكى، چەتئەلدىكى ئالىي مەكتەپلەر سىزگە بارماقچى بولغان مەنزىلنى ئېيتىپ بەرگەن بىلەن قانداق بېرىشنى ئۆزىڭىز بەلگىلەيسىز.»

## دوكتور ئەنۋەرجان يۈسۈپ ئېلان قىلغان ماقالىلەر ۋە قاتناشقان ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنلىرى

[1] **Yusup. A, Kaneko. H, Liu. L, Sadatsuki. R, Hada. S, Kinoshita. M, Futami. I, Kurosawa. H, Shimura. Y, Saita. Y, Takazawa. Y, Ikeda. H, Kaneko. K, Ishijima. M**

**Synovitis Is Associated With Bone Marrow Abnormality In Patient With End－Stage Knee Osteoarthritis**

**OARSI World Congress on Osteoarthritis, April 24－27, Paris, 2014 France**

**Yusup. A, Kaneko. H, Liu. L, Sadatsuki. R, Hada. S, [2] K.Kamagata Kinoshita. M, Futami. I, Kurosawa. H, Shimura.Y, Saita. Y, Takazawa. Y, Ikeda. Shigeki Aoki. Kaneko. K, Ishijima. M**

**Bone marrow lesions, subchondral bone attrition and subchondralbone cysts are associated with histological synovitis in patients with end－stage knee osteoarthritis: A cross－sectional study**

**OARSI World Congress on Osteoarthritis, April 30－May 3, 2015 Seattle, U.S.A**

**Bone marrow lesions, subchondral bone attrition and subchondral [3] bone cysts are associated with histological synovitis in patients with .end－stage knee osteoarthritis: A cross－sectional study**

**Anwarjan Yusup, Haruka Kaneko, Lizu Liu, Liang Ning, Ryo Sadatsuki, Shinnosuke Hada, Koji Kamagata, Mayuko Kinoshita, Ippei Futami, Yukio Shimura, Masaru Tsuchiya, Yoshitomo Saita, Yuji Takazawa, Hiroshi Ikeda, Shigeki Aoki, Kazuo Kaneko, Muneaki Ishijima, Osteoarthritis and Cartilage (2015), doi: .10.1016/j.joca.2015.05.017**

末期変形性膝関節症の滑膜炎と関連する関節内構造変化因子**(**会議 **[4]** 録 **)Author**：アニワルジャン・ユスプ **(**順天堂大学 大学院医学研究科整形外科・運動器医学**)**，石島 旨章，金子

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

**Family Values [1]**

**http://whatwillmatter.com/2013/04/commentary-822-1-family-/values**

بۇ ماقالىنى ھېچكىمدىن سورىماي، مەنبەسىنى بەرگەن ئاساستا باشقا ھەر قانداق تورغا چىقارسىڭىز، ياكى ئېلكتابقا ئوخشاش باشقا ھەر قانداق شەكىلدە ئىشلەتسىڭىز بولۇۋېرىدۇ. بۇ ماقالە بارلىق ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ.